يېڭى باشلىنىش  يېڭى مۇساپە

جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشى 604 مىڭ 800 ئائىلىلىك ئائىلىگە نەپ يەتكۈزدى

# ئۆي ئىچى پاكىز، ئىللىق بولدى  ئۆي سىرتىدا ئاسمان كۆپكۆك تۈسكە كىردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 604 مىڭ 800 ئائىلىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملانغان، ئۈچ يىللىق ئۆزگەرتىش ئومۇمىي ۋەزىپىسىنىڭ 67.8%ى تاماملانغان. كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىشكە ئالاقىدار قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمى، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم تەدرىجىي نامايان بولماقتا.

جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش ۋاقتى 2019 - يىلدىن 2021 - يىلغىچە بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە يانداش ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا جەمئىي تەخمىنەن 926 مىڭ ئائىلە(بىڭتۇەندىكى 34 مىڭ ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)لىك ئاھالىگە نەپ يەتكۈزىدۇ.

2019 - يىللىق ۋەزىپىنى تاماملاش ئاساسىدا، بۇ يىل، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، 2020 - يىللىق جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمەت نىشان - ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ تاماملىدى، 288 مىڭ 700 دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئائىلىگە كىرگۈزۈش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، 1074 تۈرلۈك 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن يېزا ئېلېكتر تورى تۈرىنىڭ ھەممىسى پۈتتى، بەش تۈرلۈك 220 كىلوۋولتلۇق يانداش ئېلېكتر تورى تۈرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى، پۈتۈن يىلدا 4 مىليارد 132 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم دېھقان ئائىلىلىرى «ئوتۇن كېسىپ ئىسسىنىش، كۆمۈر قالاپ ئىسسىنىش»تەك ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، يېقىلغۇ توپلايدىغان ئادەم كۈچى تەننەرخىنى ئازايتىپ، كۆمۈر قالاپ ئىسسىنىشتىكى ئوت ئاپىتى، كاربون چالا ئوكسىدىدىن زەھەرلىنىش قاتارلىق بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىدىن ساقلاندى. كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى يەنە يېزىلارنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئۇل ئەسلىھە شارائىتىنى ياخشىلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سېخى قاتارلىق نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشەنچلىك توك بىلەن تەمىنلىدى، توك بىلەن ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتلىرىنىڭ ماكانلىشىشى ئارقىلىق، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى تارقاق كۆمۈرنىڭ كۆيۈش كۆلىمى تۆۋەنلىتىلىپ، بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئازايتىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قوغدالدى. تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاۋا سۈپىتى ياخشى بولغان كۈن سانى نىسبىتى 45.5%كە يېتىپ، 8.6% ئاشقان، ئۇششاق دانچىلەرنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى 34.67% تۆۋەنلىگەن.

كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى يەنە «ئېلېكترلەشكەن شىنجاڭ» مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتتى. قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، رايون ئىچىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە توك تەقسىملەش سىغىمچانلىقى ئۈچ كىلوۋولت ئامپېردىن كۆپرەككە يېتىپ، دۆلەت نىشان قىممىتى ئىككى كىلوۋولت ئامپېردىن 50% يۇقىرى بولۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئېلېكترلەشكەن ئىستېمالنى كېڭەيتىشنى كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئاھالىلەرنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى 4 مىليارد 663 مىليون كىلوۋات سائەتكە، 2019 - يىلى 5 مىليارد 774 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، توك مىقدارى 1 مىليارد 111 مىليون كىلوۋات سائەت ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 23.83% ئاشقان.

كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى جەنۇبىي شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى. مارالبېشى — يەكەن، يەكەن — خوتەن، قەشقەر — يەكەن 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئېلېكتر تورى تېرمىنالىدا تۇرۇۋاتقان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش جىددىي ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىپ، ئېلېكتر تورىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇ يىل 3 - پەسىلگە قەدەر، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ شامال، يورۇقلۇقتىن توك چىقىرىش پايدىلىنىش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 90.1%، 92.3%، 89.9% بولۇپ، ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 2018 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 9، 16.4، 14.6 پىرسەنت پوئىنت ئاشقان.

يېقىندىلا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش پاكىز ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش(1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىنى تاماملاش ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاست ۋە باشقا شارائىتى بار ناھىيە، شەھەرلەرگىچە كېڭەيتىش ھەمدە بۇ قۇرۇلۇشنى نۆۋەتتە نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇلىدىغان 30 تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنىڭ بىرى قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ماتېرىيال نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭغا يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئالاقىدار مۇھىم قول يازمىلىرىدىن 43 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. چەت ئەللىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشى ۋە چۈشىنىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئىنگلىزچە نۇسخىسىغا ئىزاھات ۋە ئىندېكس قوشۇلدى. بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى چەت ئەللىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ يولداش شى جىنپىڭنىڭ خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر چۈشىنىشىگە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن جاپالىق تىرىشچانلىقى، قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى چۈشىنىشىگە پايدىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ جۇڭگو تۈزۈمىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى توغرا تونۇشى ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

## كۆپنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، «يىرىك پىلان پىروگراممىسى»نى ياخشى تۈزۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كارخانىچىلار ۋەكىللىرىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يىرىك پىلان پىروگراممىسى» دېيىلىدۇ)نى تۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىر - تەكلىپلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاك چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، پۇقراۋى كارخانىچىلار ۋەكىللىرى كەڭ - كۇشادە پىكىر بايان قىلىپ، «يىرىك پىلان پىروگراممىسى» نى تۈزۈش توغرىسىدا ھەر تەرەپلىمە، كۆپ نۇقتىدىن پىكىر - تەكلىپ بەردى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ھەققىي تۈردە سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «يىرىك پىلان پىروگراممىسى»نى تۈزۈشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى - ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە «يىرىك پىلان پىروگراممىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «يىرىك پىلان پىروگراممىسى» نى تەييارلاش گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئەستايىدىل رەتلەپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى پائال قوبۇل قىلىپ، كۆپنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، «يىرىك پىلان پىروگراممىسى»نى ئورتاق ياخشى تۈزۈشى كېرەك. كارخانىچىلار كارخانا تەرەققىياتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە قويۇپ ئويلاپ، پىلانلاپ، ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە يەر ھوقۇقىنى بېكىتىش ئۇچۇرىدىن پايدىلىنىش سۇپىسى قۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ھۆددە يەر ئۇچۇرىنىڭ زور مىقداردىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھۆددە يېرىنى باشقۇرۇشتا ئۇچۇرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن يېزا يېرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئوبوروت قىلىش ۋە مۇۋاپىق كۆلەملىك باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەرنى ھۆددە ئېلىپ باشقۇرۇش ماجىرالىرىنى ھەل قىلىپ، زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ بىۋاسىتە سانلىق مەلۇمات تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى.

يېقىندا، لوپنۇر ناھىيەسى گۈلباغ يېزىسى خادادۆڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مۇسا نەزەر يېزا يەر ھۆددىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى كىنىشكىسىنى ئالدى. مۇسا نەزەر تېلېفون ئارقىلىق مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ھازىر ئائىلەمىزنىڭ 28 مو يېرىنىڭ ‹كىملىكى› بار بولدى، مەن يەرنى خاتىرجەم ھالدا كارخانىغا ئوبوروت قىلىشقا بەرسەم بولىدۇ، ئاندىن سىرتقا چىقىپ بىر كەسىپلىك ئىش قىلىپ، قوش كىرىم قىلالايمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى سىياسەت ۋە ئىسلاھات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ شياۋ مۇنداق دېدى: دېھقانلار يەر ھوقۇقىنى بېكىتىشتىن بىۋاسىتە نەپكە ئېرىشكۈچىلەر بولۇپ، «ئەمەلىي ھوقۇقنى بېكىتىش، پولاتتەك كىنىشكا تارقىتىش» ئارقىلىق، دېھقانلارنى يەر باشقۇرۇش ھوقۇقىنى خاتىرجەم ئوبوروت قىلىپ ۋە سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مەبلەغدىن پايدىلىنىپ ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قوشۇپ، بايلىقنى مۈلۈككە، مەبلەغنى پايغا، دېھقانلارنى پايچېكقا ئايلاندۇرۇپ، «تۆۋەن كاپالەت + پايدا تەقسىملەش»تەك مەبلەغ پايدىسىدىن بەھرىمەن قىلغىلى بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

## ئىستېمال قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاھالىسى دۇڭ سىيۇ ئاق ياقىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ جىفۇباۋ ھېساباتى تالونىدىن سۈپەتلىك تۇرمۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان گىرىم بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى، كىتاب - گېزىت تۈرىدىكى ئىستېمالنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇمى تۈرىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمالىدا مىقدار جەھەتتە قانائەتلىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشتىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتىلىش، شەكىللىك ماددىي مەھسۇلاتتىن تېخىمۇ كۆپ مۇلازىمەت ئىستېمالىغا يۈزلىنىش قاتارلىق بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر نامايان بولغان. ئىستېمال تەمىنات تەرەپلىك بازار سۈبيېكتلىرى ئىستېمال دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش چوڭ يۈزلىنىشىگە پائال ئۇيغۇنلاشقان ۋە ئۇنى ئىگىلىگەن، تەمىنلەشتە يېڭىلىق يارىتىش، ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، تېخىمۇ زور ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغاتقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خاسلاشقان، كۆپ خىللاشقان ئىستېمال ئېھتىياجى كەڭ كۆلەمدە جانلانغان، ھېس قىلىش شەكلىدىكى ئىستېمال، مۇلازىمەت ئىستېمالى، مەدەنىيەت - ساياھەت ئىستېمالى قاتارلىق ئىستېمال ئەندىزىلىرىمۇ ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون شەھەر، يېزىلىرىنىڭ ئىستېمال بازارلىرىدا يەنە ماس قەدەملىك، يۇغۇرما تەرەققىيات يۈزلىنىشى نامايان بولدى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، سىياسەتنىڭ كۈچ قوشۇشى بىلەن، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچى يەنىمۇ قويۇپ بېرىلدى، سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى بازارلاردا چەكتىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 95 مىليارد 565 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شەھەر، يېزىلاردىكى بازارلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتى قايتا ئەسلىگە كەلگەن، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئېشىش سۈرئىتى شەھەر - بازارلارنىڭكىدىن تېز بولغان.

لىيۇ بىن مۇنداق بىلدۈردى: يۇقۇم ئىستېمالچىلارنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىستېمال ئادىتىنى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە خاسلىققا ئىنتىلىش يەنىلا ئۆزگەرمەيدىغان باش تېما. ئىستېمالچىلارنى جەلپ قىلىش ۋە تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن، جەزمەن ئىستېمالچىلارنىڭ سۈپەت، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلاردىكى بەھرىلىنىش قوشۇمچە قىممىتىگە بولغان ئىنتىلىشنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، خاسلاشقان مۇلازىمەت ۋە مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بىخەتەر، ساغلام، چۆكتۈرۈش شەكلىدىكى مال سېتىۋېلىش تۇيغۇسى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

### يېڭى ئەندىزە، يېڭى قىزىق نۇقتىلار بارلىققا كەلدى

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، توردا مال سېتىۋېلىش تېز تەرەققىي قىلىپ، يېڭىچە ئىستېمال ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، ئىستېمال دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئۇچراشماي تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، ئادەمسىز پارچە سېتىش، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ پارچە سېتىش قاتارلىق ئىستېمال يېڭى ئەندىزىسى، يېڭى شەكلى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىستېمال بازىرىدا يېڭى ئەندىزە، يېڭى قىزىق نۇقتىلار بارلىققا كەلدى. بۇلتۇر، شىنجاڭ ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ توردا سېتىش سوممىسى 37 مىليارد 170 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ھەرقايسى ئەمەلىي دۇكان ئىگىلىرى توردا سېتىش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، تور سودا شەھەرچىسى، ۋېيشىن توپى، كىچىك ئەپ، بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئىستېمال ئەندىزىسىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئەنئەنىۋى پارچە سېتىش كەسپىنىڭ تور ۋە تور سىرتىدىكى يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

دېخۇي گۇرۇھىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن لىدىرى، شىنجاڭ دېخۇي ئوقەتچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ جيەن مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز ئەمەلىي سودىنى رەقەملەشتۈرۈپ تىپىنى ئۆزگەرتىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلغان كۆپ مەنبەلىك ئاقىل سودا سورۇنى بەرپا قىلىپ، ئالاقە تورى، كىچىك ئەپ، بىۋاسىتە كۆرسىتىش قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، خېرىدارلارنى توردا تاللاپ مال سېتىۋېلىش، تېز يوللانمىنى ئۆيىگىچە يەتكۈزۈش، «بۇلۇت مال سېتىۋېلىش»نى ئاسانلا ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بولۇپمۇ ئالاقە تورىنى ئاساس قىلغان يىراقتىن داۋالاش، تور مائارىپى، بۇلۇت بەدەن چېنىقتۇرۇش، تور كىنو - تېلېۋىزىيەسى قاتارلىق مۇلازىمەتلەر زامان - ماكان چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىستېمال ئېھتىياجىنى قويۇپ بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا تېخىمۇ كۆپ ئىمكانىيەت ياراتتى.

بۇ يىل، شىنجاڭ جۇڭگوڭ مائارىپى خېرىدارلار بايلىقى ۋە سۈپەتلىك ماركا ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، توردا تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى. بۇ ئاپپاراتنىڭ مەسئۇلى شياۋ شېڭتاۋ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركىتىمىز ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان توردا كۆلەملەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە توردا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلغان يېڭىلىق يارىتىلغان مەھسۇلاتلارنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇردى، بۇ يىل توردا تەربىيەلىنىدىغان ئادەم سانى ۋە كىرىمنىڭ يەنىمۇ ئېشىشىنى مۆلچەرلىدۇق.

«ئالاقە تورى +»نىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، يېمەك - ئىچمەكنى ۋېيمەي قىلىش ئالقىشقا ئېرىشتى، «مېيتۇەن» «ئېلېمې» قاتارلىق سۇپا تىجارەت سودىگەرلىرى باھانى چۈشۈرۈش، پەرقلىق باھا بېكىتىش قاتارلىق ئۆزگىچە ئەۋزەل تىجارەت ئەندىزىسى ئارقىلىق نۇرغۇن ئىستېمالچىنى جەلپ قىلدى.

2017 - يىلى قۇرۇلغان كۇچا شەھىرى ۋېيۋېي تېز يەتكۈزۈش ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنىڭ سودىسى تىرىك، يېڭى مەھسۇلاتلار، ۋېيمەي قاتارلىق توردا ۋە تور سىرتىدا سېتىشنى قاپلىدى. يېڭى كەسىپ ھالىتى ئېلىپ كەلگەن پايدا ئارقىلىق، بۇ سۇپا كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. «ھازىر ئايلىق سېتىش سوممىمىز 3 مىليون يۈەنگە يەتتى، بىز مەۋقەنى شۇ جايدىكى چوڭ، ئوتتۇرا ئولتۇراق رايونلارغا قويۇپ، 40 نەچچە ياشنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە تۈرتكە بولۇشقا تەييارلىنىۋاتىمىز» دېدى بۇ كارخانىنىڭ مەسئۇلى بىلىك چىچىن تونۇشتۇرۇپ.

لىيۇبىن مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، شىنجاڭ ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە ئېلېكترونلۇق سودىسى، تور سودىسىنىڭ ھەمكارلىقىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك توردا ۋە تور سىرتىدا مەھسۇلاتلارنى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قوزغىتىپ، ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ توردا سېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.